
ئەكبەر جاپپار

# ئوق



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى



كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان ياش شائىر ئەكبەر جاپپار 1966 - يىلى شىنتەبىر قەشقەردە زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . ھازىر قەشقەر ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىدا ئىشلەۋاتىدۇ .

ئەكبەر جاپپار 1985 - يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن بولۇپ ، ھازىرغا قەدەر 200 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە ، نەسىر ، شېئىر ، فوتو سۈرەت ۋە ئىلمىي نەزەرىيىۋى ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان .

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «بەدەل» ناملىق ھېكايە ۋە نەسىرلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان . ئۇ يەنە «مەشھۇر شەخسلەرنىڭ قانۇن ۋە جىنايەت توغرىسىدا ئېيتقانلىرى» ، «ئۇيغۇر تەپەككۇر خەزىنىسى» ( 1 قىسىم ) ، « قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئىتىڭىزنى قوغداڭ » قاتارلىق كىتابلارنى نەشرگە سۇنغان .

ئەكبەر جاپپار ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى ، قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى .

ئەكبەر جاپپار

# ئوق

(شېئىرلار توپلىمى)

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى:  قۇربان ھاشىم
مەسئۇل كوررېكتورى:  ئادالەت ياقۇپ

# ئوق

(شېئىرلار توپلىمى)

ئەكبەر جاپپار

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى پارلاۋانلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مم، 1/32، باسما تاۋىقى: 3
2001 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
2001 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 0001—1500

---

ISBN 7—5631—1354—1/I. 220
باھاسى: 5.00 يۈەن

# مۇندەرىجە


نىگارىمغا ........................................ 1
سۆيگۈ ........................................ 2
بىر يىگىتكە سۆز ........................................ 3
. . . غا ........................................ 4
زارلانمايمەن ........................................ 6
سەن ئۆزۈڭ ........................................ 7
ياستۇق قولۇمدا ........................................ 8
ئۇنتالمايمەن ........................................ 9
پاك سۆيگۈ ........................................ 10
سۆيگۈ پەسىل قۇشىمۇ؟ ........................................ 11
يازنى كۈتۈش ........................................ 12
ئۆتۈنۈش ........................................ 13
دېدىم ........................................ 14
چۈشەنمەي كېتەي ........................................ 15
جانانغا سوئال ........................................ 16
بىرگە ئېلىپ كەل ........................................ 17
دانكو يۈرىكى ........................................ 18
بەلكىم ........................................ 19

نىگار ........................................ 20
بىلمىدىم ........................... 21
نىگارغا خىتاب ........................ 22
دىلبەرگە ........................... 23
خىتاب ............................ 24
بىلىپ قال ......................... 25
سەندىدۇر ........................... 26
مەن شۇنداق ئادەمگە ئامراق ................. 27
پۇل بىلەن .............................. 31
بىر دوستۇمغا ........................ 32
كەلدىم ............................ 33
دوستلارغا سوئال ...................... 35
ئۆگىنەلمىدىم ........................ 36
نە ئۇچۇن ........................... 37
دوستلار .............................. 38
تېپىۋالدىم جان بېقىشنىڭ يولىنى ............ 39
لوگىكام .............................. 41
تىلىكىم .............................. 42
تاپالمايسەن .............................. 43
مەن ئەمەس .......................... 45
ئىز ................................ 47
ساياقلارغا ........................... 48
دوستۇمغا ............................ 49
ئارمان ............................ 50

ئەپسۇس ........................................ 51
خالىمايمەن ........................................ 52
يوق ........................................ 53
تەرجىمىھالىم ........................................ 54
ھەقىقەت ........................................ 55
چۈنكى مەن. . . ........................................ 56
ۋاقىت ........................................ 57
باھار ........................................ 59
ۋەتەن ........................................ 61
ۋاقىتقا خىتاب ........................................ 62
ئوغلۇمغا ........................................ 63
ئاق چەككەن دوستۇمغا ........................................ 65
ياشلىقىم ........................................ 66
بەزىلەر ........................................ 67
كۆرەلمەس ........................................ 69
تەكرىگە ........................................ 71
شائىر ........................................ 72
دادامغا مەرسىيە ........................................ 73
شېئىر بىلەن ........................................ 75
باشلانمىغان تارىخ ........................................ 76
ئۆزىنىش ........................................ 77
ئارزۇ ........................................ 78
بىزلەر ........................................ 79
ئوغلۇمغا ........................................ 80

سۆرتمك ........................................ 81
دۆنياغا ........................................ 83
ئۆكۈنۈش ........................................ 84
ئىشەنچ ........................................ 85

# نىگارىمغا

كۆزۈڭگە بۇلاقلار قىلىدۇ ھەسەت،
دولقۇنلۇق قەلبىڭگە دېڭىزلارمۇ ھەم!
چېھرىڭدىن تولۇن ئاي بولۇر سەر خۇش - مەست،
بولغاچقا سېنىڭدە نۇرلار مۇجەسسەم.

دورىغان قۇندۇزلار چېچىڭنى ئەركەم،
دورىغان قىياقلار ئەگىم قېشىڭنى.
مىسالى ئوقيادۇر كىرپىكىڭ دېسەم،
ئوخشتاي نېمىگە سەدەپ چىشىڭنى؟

يورۇتار قەلبىمنى كۆزۈڭدىكى نۇر،
ۋەھەمدە زىننىقىڭ ئارا بىر كۈلكە.
ئاۋازىڭ خۇشناۋا، سۇبھى — سەھەردە،
بۇلبۇللار سېنىڭدىن ئالغانمۇ ئۈلگە؟

1992 - يىل مارت

# سۆيگۈ

تەشنا يۈرەك قېنىۋالسۇن ۋەسلىڭگە،
يالغۇز تاشلاپ كەتمە دىلبەر يىراققا.
سۆيگۈمىزدىن گەر پۈتۈلسە بىر قېيىق،
تەڭ ئۈزەيلى دولقۇن يېرىپ قىرغاققا.

سۆيۈش دېگەن گۇناھ ئەمەس ھېچقاچان،
قالغان بىزگە ئادەم ئاتا، ھاۋادىن.
بىلسەڭ دىلبەر، پاك سۆيگۈلەر ياشايدۇ،
بۇ ئالەمدە ساقىت بولۇپ گۇناھتىن.

سۆيگۈمىزدىن يىراق بولسۇن ھىجرانلار،
بوپ قالمايلى بىز سۆيگۈنىڭ قاتىلى.
چىقارمىغىن ئەي دىلبىرىم ئېسىڭدىن —
ۋىجدان سوتى بارچە سوتنىڭ ئادىلى.

1993 - يىل فېۋرال

## بىر يىگىتكە سۆز

كەلمە يىگىت بۇ مەھەللىگە،
كۇندە كەچتە ناخشاڭنى تووۋلاپ.
ئاڭا خۇشتار سۆيگىنىڭ كەتتى،
پۇل كەينىدىن بەختىنى قوغلاپ.

سۆيمەيدىكەن گەر گاداي بولساڭ،
يۇرىكىڭنى بەرسەڭمۇ ھەتتا.
ئوي - خىيالى پۇل - مالغا باغلىق،
ئىكەن نازى - قىلىقى ساختا.

كەلمە يىگىت بۇ مەھەللىگە،
ۋاپاسىزدىن ئۆكۈنمە ئەمدى.
كۆڭلى ئاپئاق، ئىشچان نىگار تاپ،
بىۋاپاغا ئىگىلمە ئەمدى.

1993 - يىل ماي

## غا . . .

بىر تونۇشماستا تونۇشتى كۆزلەر،
مەنىلىك نىگاھ ئوقى ئېتىشىپ.
ئاشۇ نىگاھلار ياقتىمۇ بىر ئوت،
قالدۇق ئۆزئارا دىلغا يېقىشىپ.

تەخىر قىلالماي سۆزلەشتۇق ئاخىر،
يۈرەك سۆزلەرنى ئىزھار قىلىشىپ.
تاكى بىر ئۆمۈر ئايرىلماسلىققا،
قىلىشتۇق قەسەم قوللار قىسىشىپ.

ئاشۇ تەقلىدتە ئۆتتۇپ ھەممىنى،
ئوينىدۇق بىرگە خۇش بوپ كۈلۈشۈپ.
ئايرىلماي دائىم گۈلزارلىق باغدا،
تاقەتسىز لەۋلەر كەتتى تېگىشىپ.

تاشلىدىڭ مېنى، تېپىپ باشقىنى،
بىلەلمىدىم ھېچ، گۇناھىم نېمە؟
سورىسام سەندىن دېدىڭ «بولدى بەس -
خىلىم ئەمەسسەن، سۆيگۈنۈم دېمە!».

شۇندىلا بىلدىم قەسەملىرىڭنىڭ،
كەتكىنىنى ھەم تېزدىن يېنىشىپ.
بولمىغاچ پۇلۇم، مۇھەببىتىمنىڭ
قالغانلىقىنى سۇغا چىلىشىپ.

بولدى خاتىرجەم بولغىن «گۈزىلىم»،
سەنمۇ ھەم مېنىڭ خىلىم ئەمەسسەن.
پۇلغا سېتىلغان سۆيگۈدىن بىزار —
مەن شۇنداق «بېخىل، تەتۈر» مەن «پەس» مەن.

1996 - يىل مارت

# زارلانمايمەن

زارلانمايمەن ھېچ تاشلاپ كەتتى دەپ،
كۆتمەيمەن ھەرگىزمۇ سېنىڭدىن ۋاپا.
مېنىڭ پاك قەلبىم ئىشىنەر، بىركۈن
قۇچاق ئاچىدۇ ئۇماق دىلرەبا.

زارلانمايمەن ھېچ تاشلاپ كەتتى دەپ،
ياقتۇرمايمەن بىل ساختا سۆيگۈنى.
ئۇنداق سۆيگۈنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن،
ياخشىدۇر يوقاپ تېزراق ئۆلگىنى.

زارلانمايمەن ھېچ تاشلاپ كەتتى دەپ،
بۇ جاھاندا پاك سۆيگۈ ئاز ئەمەس.
ھەممىگە ئايان، ساختا سۆيگۈنىڭ،
ئۆزىدۇر جۇدۇن، زادى ياز ئەمەس.

1996 ـ يىل ماي

## سەن ئۆزۈڭ

غەمسىز يۈرگەن چاغلىرىمدا تۈنجى بوپ
يۈرۈكۈمگە ئوتنى ياققان سەن ئۆزۈڭ.
كۆيۈش نېمە، سۆيۈش نېمە بىلمەستە،
كۆزلىرىمگە ئوتلۇق باققان سەن ئۆزۈڭ.

تالاي كېچە كىرپىك قاقماي تولغاندىم،
ئوتقا سېلىپ ئۇخلاتمىغان سەن ئۆزۈڭ.
تومۇز - ئىسسىق، جۇت - شىۋىرغان سوغۇقتا،
يول ماڭدۇرۇپ توختاتمىغان سەن ئۆزۈڭ.

«مەڭگۈ بىللە ئۆتىمىز» دەپ قول بېرىپ،
قەسەملەرنى ئۆگەتكەنمۇ سەن ئۆزۈڭ.
پۈلغا سېتىپ پاك ۋىجداننى بىر دەمدە،
سۆيگۈمىزنى تۈگەتكەنمۇ سەن ئۆزۈڭ.

ساختا سۆيگۈڭ بىلەن ئادەم ئازدۇرۇپ،
شۇ سۆيگۈدىن بىزار قىلغان سەن ئۆزۈڭ.
ۋاپاسىزلىق شەمشىرىدە قەلبىمنى
پارە - پارە قىلىپ تىلغان سەن ئۆزۈڭ.

1996 - يىل ماي

# ياستۇق قولۇمدا

يولۇڭغا قاراپ تۇرسام تەلمۈرۈپ،
تاتلىق ناز بىلەن كەلدىڭ ئالدىمغا.
«ئامرىقىم» دېدىڭ كەڭ قۇچاق ئېچىپ،
ھەم سالدىڭ گىرە شۇئان بوينۇمغا.

چىرمىشىپ كەتتۇق يۆگىمەچ كەبى،
سۆيگۈدىن ئۆزگە كۆرۈنمەس كۆزگە.
ھەسەت قىلغاندۇ بەلكىم ئاشۇ چاغ،
ھەتتا كۆكتىكى تولۇن ئاي بىزگە.

چىللىدى نەدىن بىلمىدىم خوراز،
ئويغانسام چۈشۈم، سەن يوق قېشىمدا.
باغرىمغا باسقان سەن ئەمەس ياستۇق،
پۈرلىشىپ غەمكىن قاپتۇ قولۇمدا.

1996 - يىل ئىيۇن

# ئۇنتالمايمەن

ئۇنتۇمايمەن، ئۇنتالمايمەن زادىلا،
چىن قەلبىدىن مېنى خالاپ سۆيگەننى.
ئاتاپ ماڭا پاك قەلبىنى - بارىنى،
شۇ سۆيگۈنى جاندىن ئەزىز بىلگەننى.

ئۇنتۇمايمەن، ئۇنتالمايمەن زادىلا،
پاك سۆيگۈمنىڭ قەدرىگە ھەم يەتكەننى.
تەشنالىقتا قاغجىرىغان يۈرەككە،
سۆيگۈ، ۋىسال شارابىنى سەپكەننى.

ئۇنتۇمايمەن، ئۇنتالمايمەن زادىلا،
شاختىن - شاخقا قونماي بىرنى سۆيگەننى.
سۆيگۈ ئۇلۇغ، سۆيگۈ پاكتۇر ھەممىدىن،
مەن سۆيىمەن پاك سۆيگۈدە ئۆلگەننى.

1996 - يىل ئىيۇن

## پاك سۆيگۈ

پاك سۆيگۈدۈر — يۈرەكلەرگە ئوت ياققان،
پاك سۆيگۈدۈر — گۈزەل هايات باشلاتقان.
ئادەم قىرىپ قانچە يىللار ئۆتسىمۇ،
پاك سۆيگۈدۈر بىر - بىرىنى يادلاتقان.

پاك سۆيگۈدۈر — ئەزىز جاندىن كەچكۈزگەن،
پاك سۆيگۈدۈر — مۇراتلارغا يەتكۈزگەن.
پاك سۆيگۈدۈر — پاك ۋىجداننى ئوق قىلىپ،
رەقىبلەرنىڭ يۈرىكىگە تەگكۈزگەن.

پاك سۆيگۈدۈر — ئادەملەرنى پاكلاتقان،
پاك سۆيگۈدۈر — يۈرەكلەرنى ياشناتقان.
ئۇجمە كۆڭۈل ۋىجدانى يوق پەسلەرنى،
ئاخىر بېرىپ پۇشايماندا قاقشاتقان.

1996 - يىل ئاۋغۇست

## سۆيگۈ پەسىل قۇشمۇ؟

ئۇيلىمىغان مېنى تاشلاپ كېتەر دەپ،
پاك سۆيگۈمنى بۇنچە خاراب ئېتەر دەپ.
مەن ئويلايتتىم، شۇ مۇقەددەس سۆيگۈمىز،
ئىككىمىزگە ئۆمۈر بويى يېتەر دەپ.

بىراق، سۆيگۈك خۇددى پەسىل قۇشىدەك
بىلەلمىدىم نەگە كەتتى، يوقالدى؟
سۆيگۈك ئۇچۇن كەڭ ئېچىلغان دەرۋازام،
شۇندىن بۇيان ئۇن - تىنسىز تاقالدى.

يازدا يازلاپ، قىشتا يىراق كېتەرگە،
ئېيت، نىگارىم سۆيگۈ پەسىل قۇشمۇ؟
قايتىپ كېلەر قىش كەتكەندە قۇش يەنە،
سەن بەرگىنىڭ قۇشچە كۆڭۈل خۇشىمۇ! ؟

1996 - يىل ئۆكتەبىر

## يارنى كۆتۈش

نېمە بولدۇم، مەھەللەڭدىن كېتەلمەي،
دىلغا تونۇش ھىدلىرىڭنى پۇرايمەن.
چىقىپ قالار ئاي يۈزلۈكۈم بەلكى دەپ،
كىرپىك قاقماي ئىشىكىڭنى مارايمەن.

كىرپىك قاقماي ئىشىكىڭنى مارايمەن،
ئۇخلىماستىن تاكى ئەزان چىققۇچە.
مەن كۈتىمەن سېنى ئەركەم ئاشۇنداق -
تاكى سېنىڭ ۋىسالىڭغا يەتكۈچە.

تاكى سېنىڭ ۋىسالىڭغا يەتكۈچە،
كۈتەر يۈرەك سېنى شۇنداق تەلمۈرۈپ.
چىققىن نىگار بۇلۇت يارغان ئاي كەبى،
ئىمجان بولۇپ قالغان تەنگە جان بېرىپ.

1996 - يىل ئۆكتەبىر

# ئۆتۈنۈش

سېنىڭ ئىشقى پىراقىڭدا كۆيۈپ مەن،
ئەي نىگارىم كۆل بوپكەتسەم مەيلىمۇ؟
ۋەسلىڭ ئۈچۈن تەلمۈرگەن بۇ يۈرەكنى
نائۈمىدتە قويۇپ كەتسەڭ مەيلىمۇ؟

شۇنچە تەخىر قىلسام تېخى پىشمىدى،
غورىلاردىن ماڭا كېرەك ھالۋىلار.
تەخىرنىڭمۇ چېكى بارغۇ، جاۋاب بەر،
مېنى ئۇنداق قىينىماستىن سەن ئۇلا.

قەلبىمدىكى ساڭىلا خاس بۇ ئورۇن،
بويۇن قىسىپ غېرىبسىنىپ قالمىسۇن.
كەلگىن جانان، كەلگىن يەنە چىللايمەن،
بۇ كۆڭلۈمدە ئەمدى ئارمان قالمىسۇن.

1996 - يىل دېكابىر

# دېدىم

بىر نىگاردىن ئۆزگىگە قاش ئاتمىدىم،
ئۆزگىلەردىن سۆيگۈمۈ تالاشمىدىم.
«كۆڭۈل ياتقان يەردە ياتماس ئىت» دەيمىش،
ئىت ياتمىغان يەردە مەن ھەم ياتمىدىم.

ۋىجدانىمنى ئۆزگىلەرگە ساتمىدىم،
غۇرۇرۇمنى دائىما پاك ساقلىدىم.
قەدىرلىدىم ئادىمىيلىك خىسلەتنى،
تاۋىكاغا «دەتتىكام» دەپ ئاتمىدىم.

پاك ۋىجدانلىق كىشىلەرنى دوست دېدىم،
ۋىجدانسىزنى نېرى كەتكىن، پوش، دېدىم.
نەپسى ئۇچۇن ئەلنى ساتقان ئادەمنىڭ —
يۈرىكىنى سېسىپ قالغان گۆش، دېدىم.

1997 - يىل مارت

# چۈشەنمەي كېتەي

نىگار سىڭنىڭ يازغان سۆيگۈ لىرىكالىڭ،
يۈرۈكۈمگە تەگدى گويا ئوق بولۇپ.
تولغاندىم مەن ئوتقا چۈشكەن قىل كەبى،
شۇ ئازابتا كەتتىم گويا يوق بولۇپ.

دەپسەن مېنى «پاك سۆيگۈنى چۈشەنمەس،
شۇڭا يۈرەر ھەر دائىما مەست - ئەلەس».
مەندە نەدە ئامال بولسۇن ئېيت قېنى،
ئىشقىڭ قىلغان تۇرسا مېنى شۇنداق مەست.

پىراقىڭدا ئازابلىما قەلبىمنى،
ئۆنىڭسىزمۇ مەن ئازابلارنىڭ قۇلى.
پاك سۆيگۈمنى خارلىغاچ سەن ئەي نادان،
چۈشەنمەيلا كېتەي دېدىم بىر يولى!

1997 - يىل ئاپرېل

# جانانغا سوئال

نەگە كەتتى سۆيگۈ چاقنار كۆزلىرىڭ؟
نەگە كەتتى بۇلبۇل كەبى ئۈنلىرىڭ؟
كېتىپسەنغۇ ئەجەبمۇ تېز ئۆزگىرىپ،
نەگە كەتتى گۈلخان كەبى ئوتلىرىڭ؟

نەگە كەتتى بۇرۇنقى پاك ئىزلىرىڭ؟
نەگە كەتتى قىلغان ۋەدە - سۆزلىرىڭ؟
سۇسلىشىپتۇ غازاڭ بولغان گۈل كەبى،
نەگە كەتتى شۇ نۇرانە يۈزلىرىڭ؟

نەگە كەتتى ئۆرۈم - ئۆرۈم چاچلىرىڭ؟
نەگە كەتتى ئاشۇ يادەك قاشلىرىڭ؟
نەگە كەتتى سوراپ باقاي جاۋاب بەر،
سەن ئىشەنگەن بۇرۇنقى ئاداشلىرىڭ؟

1997 - يىل ئاپرېل

# بىرگە ئېلىپ كەل

ھىدلىرىمنى ئەپكەتكىن شامال،
يىراقتىكى نىگار قېشىغا.
قالقان قىلىپ تۇرسۇن ئۇ شۇنى،
گەر قىسمەتلەر كەلسە بېشىغا.

ھىدلىرىمنى ئەپكەتكىن شامال،
نىگار تەشنا سېنىڭ يولۇڭغا.
سۆيگۈمىزگە بولغىن بىر ئەلچى،
گۈللەر ئاساي سېنىڭ بوينۇڭغا.

ھىدلىرىمنى ئەپكەتكىن شامال،
پۇرىتىالسۇن نىگار قانغۇچە.
تەلپىم شۇ يارنىڭ ھىدىنى،
بىرگە ئېلىپ كەلگىن يانغۇچە.

1997 - يىل ماي

# دانكو يۈرىكى

كۆردۈم سەنمۇ يېزىپسەن شېئىر،
يۈرىكىڭنى قېتىپ ھېسلارغا.
مەنمۇ يازدىم شۇنداق بىر شېئىر،
يۈرۈكۈمنى چېتىپ مىسراغا.

يۈرەكلەردىن پۈتتى بىر شېئىر،
شېئىر ئەمەس، دانكو يۈرىكى.
يورۇتۇپ ئۇ ئالەمنى شۇنداق،
ئاچتى ھەمدە ۋىسال رۇجىكى.

1997 - يىل ئاۋغۇست

## بەلكىم

بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالارمەن،
سەن قەدرىمگە يەتكۈچە بەلكىم.
ئۈچرىشىپمۇ قالارمىز يەنە،
پىلسىراتتىن ئۆتكۈچە بەلكىم.

سەن سۆيگۈمنى ئۆلتۈرگەن قاتىل،
سوراقلارغا قالارسەن بەلكىم.
قىيناشلارغا بېرەلمەي بەرداش،
ۋەدىلەردىن تانارسەن بەلكىم.

بىراق، روھىم دوزاخ ئالدىدا
ئىسمىڭنى توۋلايدۇ بەلكىم.
سەندىن گۇناھ بولغاندا ساقىت،
يەنە سېنى ئوۋلايدۇ بەلكىم.

1997 - يىل ئاۋغۇست

# نىگار

چۈشلىرىمگە كىرسەڭچۇ نىگار،
بىرگە ئۇچۇپ كەزسەك جاھاننى.
چاراقلىماقتا سۆيگۈ يۇلتۇزى،
گۈللەرگە تولۇپتۇ سۆيگۈ بوستانى.

چۈشلىرىمگە كىرسەڭچۇ نىگار،
تاڭ ئاتقۇچە يۈرسەك مۈڭدىشىپ.
سۆيگۈمىزگە قىلىپ ھەم ھەسەت،
شۇ تولۇن ئاي قالسا غودۇڭشىپ.

چۈشلىرىمگە كىرسەڭچۇ نىگار،
ئوماق كۆلكەڭ تاتلىق ناز بىلەن.
توي ئويىنساق تاكى تاڭغىچە،
گۈلزارلاردا مۇڭلۇق ساز بىلەن.

چۈشلىرىمگە كىرسەڭچۇ نىگار،
سۆيگۈمىزدىن داستان پۈتتۈرسەك.
تاڭلار ئارا ئۇقۇپ جاراڭلىق،
ھىجرانلارنى يىراق كەتكۈزسەك.

1997 - يىل سېنتەبىر

# بىلمىدىم

بىلمىدىم قاچانلاردا باردىم تويۇڭغا،
بىلمىدىم قاچانلار سۆيدۈم لېۋىڭگە.
بىلمىدىم قاچانلار شۇ ئارمانلىرىم،
سارغىيىپ غازاڭدەك چۈشتى زېمىنگە.

بىلمىدىم قاچانلار قالغان تۇغۇلۇپ،
بىلمىدىم قاچانلار قالغان بوغۇلۇپ.
بىلمىدىم قاچانلار تەلمۈرگەن روھىم،
كېتەركىن پاندىن ئۈنسىز يوقىلىپ.

1998 - يىل ئىيۇن

## نىگارغا خىتاب

ۋاقىتلىق ھىجراننىڭ قۇربانى بولۇپ،
قالدىڭ سەن نىگارىم ئۈنسىز ياش تۆكۈپ.
ئامال يوق بۇنىڭغا، بولدى يىغلىما،
ھۆر ۋىسال بىزنىمۇ تۇرغاندۇ كۈتۈپ.

كىملەرنىڭ بېشىغا كەلمىگەن قىسمەت،
خەير - خوش نىگارىم، كەتتىم يىراققا.
ئۆتۈنەي سېنىڭدىن، ئاھ، دىبان يىغلاپ،
ئەل بولۇپ كەتمىگىن ھەرگىز پىراققا.

ئېسىڭدىن چىقارما، تاۋۇلار ئايرىلىش
قەلبلەر رىشتىنى شۇنداق مۇستەھكەم.
تۇۋۇلىغىن، بولدى سەن يىغلاشنى قويۇپ
دەپ: «گۈزەل دوستلىرىم مېنىڭ بار ئەتەم...»

1998 - يىل 7 - ئاي

# دىلبەرگە

ئىشەنمىسەڭ دىلبىرىم ئەگەر،
دىلخانەڭدىن كۆچۈرگىن مەيلى.
سۆيەلمىسەڭ ئېۋەن ئىزدىمەي،
ئىسمىلىكتىن ئۆچۈرگىن مەيلى.

ھەممە ئادەم ئۆزى ئۈچۈن پاك،
گۇمانىڭغا يوقتۇر ئورۇنلا.
بۇ ھاياتتا قانداق ياشاشنى،
تاللىۋالغان مەنمۇ بۇرۇنلا.

ئۇنۇتمىغاچ ئادەملىكىمنى،
ۋىجدانىمدىن ئازمىدىم پەقەت.
ئازدۇرماستىن ھەمدە ئازماستىن،
ئاڭلا دىلبەر ياشايمەن ئەبەد.

1998 ـ يىل 11 ـ ئاي

## خىتاب

يىتەلمەستىن ۋەسلىڭگە ھېچ دىلبىرىم،
سەۋدايى بوپ سوكۇلداپلا يۈرەيمۇ.
كۆرسىتەي دەپ يۈرىكىمنى كۆزۈڭگە،
خەنجەر بىلەن كۆكرىكىمنى يارايمۇ؟

ئىشەنمەستىن شۇ غۇبارسىز كۆڭلۈمگە،
سەن قارىماي كېتىپ قالدىڭ باغرى تاش.
بويۇن قىسىپ قالدى غەمكىن تەلمۈرۈپ،
ئاشۇ سۆيگۈم كۆزلىرىدىن تۆكۈپ ياش.

خىياللىرىم سۆيدى سېنى قانغۇچە،
ئاھ، ئوڭۇمدا تېخى بىر رەت سۆيمىدىم.
سېنىڭ ئىشقى پىراقىڭدا كۇل بولدۇم،
بىراق، سېنىڭ كۆيگىنىڭنى كۆرمىدىم.

يارالغانمۇ ئەسلىدە سەن دىلبىرىم،
ئۆزۈڭ كۆيمەي، كۆيدۈرۈشكە مېنىلا.
مەيلى كۆيۈپ كۇل بولاي مەن سەن ئۈچۈن،
شۇڭا باشتا تاللىغان مەن سېنىلا.

1998 - يىل 29 - نويابىر

# بىلىپ قال

قوغلىماستا گۈزەللىكنى نىگارىم،
شۇ چاچلىرىڭ زەپ ياراشقان گۈزەلتىڭ.
كېچە - كۈندۈز دىلخانەمدىن كەتمىگەن،
سۇمبۇل چاچ دەپ ياڭراۋاتقان غەزەلتىڭ.

ئەپسۇس، كېسىپ تاشلىۋەتتىڭ چېچىڭنى،
مېنىڭ ئۈچۈن گۈزەل بولاي دېدىڭمۇ.
گۈزەللىكىڭ نەدە قالدى كوتمەكباش،
كۈلدى ئەللەر مازاق ئېتىپ، بىلدىڭمۇ؟

كەسكىنىڭنى ئاز دەپ يەنە بويىدىڭ،
تالىشامسەن ئۆزگىلەرنىڭ خۇيىنى.
بىلەلمىگەن بولساڭ ئېيتاي بىلىپ قال،
مەن سۆيمەن گۈزەللىكىنىڭ ئەسلىنى.

1999 - يىل 2 - ئاي

# سەندىدۇر

سەندىدۇر خىيالىم، سەندىدۇر يۇرەك،
سېنىڭسىز بۇ هايات ماڭا نە كېرەك.
بىلمىسەڭ قەلبىمنى سورا دوستلاردىن،
سۆيمىدىم ئۆزگىنى سېنىڭدىن بۆلەك.

سۆيمىدىم ئۆزگىنى سېنىڭدىن بۆلەك،
تېنىمىز بىر يەرگە كەلگەن بىلەنمۇ.
سۆيەي دەپ تىرىشتىم سۆيەلمىدىم هېچ،
خەق ماڭا كۆڭلىنى بەرگەن بىلەنمۇ.

خەق ماڭا كۆڭلىنى بەرگەن بىلەنمۇ،
يۈرىكىم ياش تۆكۈپ، قاچتىم يىراققا.
سەندىكى سۆيگۈدىن نىجاتلىق تىلەپ،
ئەل بولۇپ كەتمىدىم هىجران - پىراققا.

1999 - يىل 6 - مارت

# مەن شۇنداق ئادەمگە ئامراق

1

كۈندىلا ماڭا سوۋغات ئەكەلسە،
نېمە كەم بولسا ئويلاپ تېپىپبەرسە،
كۆز قاماشقۇدەك ئۆيلەر سېپىپبەرسە،
مەن بەكمۇ ئامراق شۇ بوخوچىگە[1].

سوۋغا كۆتۈرۈپ ئۆيۈمگە كىرسە،
ياق، ياق دەپ تۇرسام ئۆزىلا بىلسە،
سوۋغىنى ئالسام خۇش بولۇپ كۈلسە،
مەن بەكمۇ ئامراق خۇشامەتچىگە.

كەسكىن ئىشلىسەم ھېچ ئارىلاشمىسا،
ماڭسا ئارقامدىن ھەم ئاداشمىسا،
راۋان يولۇمغا ھېچ پۇتلاشمىسا،
مەن بەكمۇ ئامراق شۇ ئىشلەمچىگە.

① بوخوچى — قۇرۇلۇش كۆتۈرە ئالغۇچى.

ئالدىمدا خوش دەپ ئېگىلىپ تۇرسا،
ئاچچىقلىساممۇ تۇگۇلۇپ تۇرسا،
بىر مەن ئۇچۇنلا يۇگۇرۇپ تۇرسا،
مەن بەكمۇ ئامراق شۇ يۇگۇرۇمچىگە.

نىمىلا دىسەم توغرا دەپ تۇرسا،
خاتا دىگەننىڭ گىپىنى بوغسا،
رەقىبلىرىمگە قاپقانلار قۇرسا،
مەن بەكمۇ ئامراق شۇ گۇپپاڭچىغا.

ھەممە سورۇندا باشلىسا تۆرگە،
جۇپلەپلا تۇرسا تانسىدا «گۇل» گە.
ئەۋجىگە چىقسا مەندىكى كۇلكە،
مەن بەكمۇ ئامراق شۇ جۇپلەمچىگە.

ئالايغانغا مۇشت ئېتىپلا تۇرسا،
ئاغزىنى قۇلاققا يىقىپلا تۇرسا،
ئۆزگىنى دائىم چىقىپلا تۇرسا،
مەن بەكمۇ ئامراق شۇ چىقىمچىگە.

2

ئىشنى توغرىلاپ داستىخان - چايدا،
تىجارەت قىلسام ھەممىلا جايدا.

توپ ئالسا مالنى بېرىپ كۆپ پايدا،
مەن بەكمۇ ئامراق شۇ توپ مالچىغا.

خېرىدارىمنى ئېلىپ قاچمىسا،
تاقاپ دۇكاننى زادى ئاچمىسا،
كەلگەن خېرىدار مەندىن ئاشمىسا،
مەن بەكمۇ ئامراق شۇ تىجارەتچىگە.

مەندىن بىر تىيىن ئالمىسا ھېچ باج،
باجنى بەرگىن دەپ تالاشمىسا كاج،
كىيىۋال دېسە ئالتۇن، كۇمۇش تاج،
مەن بەكمۇ ئامراق شۇ ساخاۋەتچىگە.

3

ئىشلىمەي ياتسام ھۇرۇن دېمىسە،
قوپار ۋاقتىمدا كېلىپ يۆلىسە،
بىر لايىق تېپىپ مېنى ئۆيلىسە،
مەن بەكمۇ ئامراق شۇ يۇلەمچىگە.

ياتسام سايىدە قوپقىن دېمىسە،
ماڭىلا بەرسە ئۆزى يېمىسە،
بېرىپ تونىنى يالىڭاچ يۇرسە،
مەن بەكمۇ ئامراق شۇ بايۋەچچىگە.

يه دەپ نان چايناپ ئاغزىمغا سالسا،
چاينى ئىچۇرسە نان تۇرۇپ قالسا،
پاي - پىتەك بولۇپ پەپىلەپ هارسا،
مەن بەكمۇ ئامراق شۇ شەپقەتچىگە.

1993 - يىل 7 - ئاي

## پۇل بىلەن

نوچى دەيمەن مەن ئۆزۈمنى بار پۇلۇم،
نەگە سۇنسام يېتىدۇ چۇنكى قولۇم،
شۇنچە كەڭرى شۇنچە داغدامدۇر يولۇم،
خېلى - خېلى كاتتىلارمۇ ھەم قۇلۇم،
چوڭلارنى دوست تۇتۇۋالدىم پۇل بىلەن.

بەك ماھىرمەن پۇل تېپىشتا، خەجلەشتە،
ۋە قەسەم بىلەن خەقنى بەزلەشتە،
ئۇنىڭكىنى بۇنىڭكىگە سەپلەشتە،
چېمپىيون مەن ئۆزگىلەرنى ئەپلەشتە،
يانچۇقۇمنى تومىلىۋالدىم پۇل بىلەن.

ھەر دائىما كاللامدا شۇ پۇل تېپىش،
ئۇنى خەجلەپ تېخىمۇ كۆپ يول تېپىش،
كەسكىن تەستىق سالدىغان قول تېپىش،
ئۇ قول بىلەن پۇلنى شۇنداق مول تېپىش،
شۇلارغا ئۇل راسلىۋالدىم پۇل بىلەن.

1994 - يىل 5 - ئاي

## بىر دوستۇمغا

دائىم مېنى قاۋاقلارغا باشلايسەن،
چىقار چېغىڭدا بېشىڭنىلا قاشلايسەن.
ئېيتقىن دوستۇم مەن سەن ئۇچۇن بىلىقمۇ؟
كۆندە كېلىپ ماڭا قارماق تاشلايسەن.

ئۇمۇ ئادەم بىلىپ قالار دېمىدىڭ،
ھەم بىلىقسىز بىر كۈن غىزا يېمىدىڭ.
سەن يېيىشكە، مەن بىقىشقا تۇرغىلى،
ياكى سەن بىر مېنىڭ چوڭ دادامىدىڭ!؟

بىز چىن دوست دەپ ئارقاڭدىنلا يۈگەرتتىڭ،
ھەممە كەيپ - ساپالارنى ئۆگەتتىڭ.
پۇل - ۋەج ئەمەس، شەرمى - ھايا، ساداقەت
دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى تۈگەتتىڭ.

بولدى تويدۇم يېقىن كەلمە يېنىمغا،
ئەمدى ئۆتمەس چىشىڭ ھەرگىز نېنىمغا،
سەن خوجايىن ياكى مەن بىر قۇل ئەمەس،
ئۆزۈم ئىگە بولاي تەنۇ - جېنىمغا.

1995 - يىل 12 - ئاي

# كەلدىم

جان باقاي دەپ ھەرخىل ھۈنەر قىلىپ كەلدىم،
ھەممە يولدا بىر قاتاردىن مېڭىپ كەلدىم،
رەزىللىك بىلەن دىللارنى تىلىپ كەلدىم،
ھەقىقەتتىن ھەممە چاغدا قېچىپ كەلدىم،
ۋىجدانىمنى بايلىق ئۈچۈن سېتىپ كەلدىم.

مەندىن ئەگەر كىمدۇر بىرى كەتسە ئېشىپ،
ئاڭا چىداپ تۇرالماستىن ئوغام تېشىپ،
ئۆزۈمگە خاس بىر ئۇسۇلنى قىلسام كەشىپ،
تۆھمەت ماڭا بۇ زاماندا ياخشى كەسىپ،
شۇ كەسىپنى جاندىن ئەلا بىلىپ كەلدىم.

ياخشىلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ ماراپ،
گېزى كەلسە ئەيمەنمەستىن قارا چاپلاپ،
شۇ ھامانلا مەلۇم قىلىپ دەرىجە ئاتلاپ،
مۇكاپاتنى ئېلىپ دائىم قاتلاپ - قاتلاپ،
كۆرپە قىلىپ ئاستىمغىمۇ سېلىپ كەلدىم.

ئىشنى كۆرسەم ھەر دائىما بېشىم قېتىپ،
خالىي جاينى تېپىۋالسام قوپماي يېتىپ،
نەگە بارسام ياخشى غىزا - تائام تېتىپ،
يېتىۋەرگەچ پۇت - قولۇمدىن ماغدۇر كېتىپ،
ئۆزۈمگە شۇ سىرتماقنى سېلىپ كەلدىم.

پۇل تاپساملا چېپىپ شۇئان قاۋاقلارغا،
بېلىق كۆزى قۇيۇپ مەينى تاۋاقلارغا،
قىزىل كۆزلۈك قىلىپ ئۇلپەت - ساياقلارغا،
پۇل خەجلىمەي تويسامۇ گەر تاياقلارغا،
كۆيلىرىمگە مۇھەببەتنى قېتىپ كەلدىم.

دوستلار بۈگۈن پۇشايماندا قالدىم ئەمما،
شۇ رەزىللىك بولدى بۈگۈن جانغا جاپا.
ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتىمەكتە قانلىق يارا،
يىغلاپ تۇرۇپ قايتتىم بۈگۈن توغرا يولغا،
مانا بۈگۈن تۆۋەنامە يېزىپ كەلدىم.

1996 - يىل 2 - ئاي

# دوستلارغا سوئال

چەكلىك ھايات قىممىتىگە يەتمەستىن،
ئىش - ئوقەتسىز سوكۇلداپلا يۈرەمدۇق؟
بىر نان تاپساق، يېرىمىدا داپ چېلىپ،
«كۈن ئۆتتى» دەپ بەزمە قىلىپ كۈلەمدۇق؟

«بىزدىن چىققان پالانىدەك ئالىم» دەپ،
پەخىرلىنىپ مەيدىمىزنى مۇشتلامدۇق؟
ئەجرىمىزدىن بىر يېڭىلىق ياراتماي،
«كونا چاپان يەڭلىرى» نى ئۇشلامدۇق؟

ئۆتۈپ كەتتى گۈلدەك چاغلار، بىلمىدۇق،
ئۆزىمىزگە بىرەر سوئال قويمىدۇق،
نادانلىقنىڭ كۆرپىسىدە كېرىلىپ،
بەخىرامان يېتىشلارغا تويمىدۇق.

ئۆتسە ئۆمۈر ئاققان سۇدەك بىھۇدە،
قاراپ تۇرۇپ ۋىجدان ئاڭا ئۇنامدۇ؟
كەشپىياتسىز، ئىختىراسىز، بۇ ئالەم -
ئېيتىڭ دوستلار، گۈل - چېچەككە تولامدۇ؟!

1996 - يىل 5 - ئاي

## ئۆگىنەلمىدىم

ئۆگىنەلمىدىم توڭلاپ ئۆلسەممۇ،
سوراپ ئۆزگىدىن چاپان كىيىشنى.
ئۆگىنەلمىدىم ساختا مال سېتىپ،
هارام پۇل تېپىپ ئاسان بېيىشنى.

ئۆگىنەلمىدىم ئەجرىم سىڭمىگەن،
تەييار تاماقنى خوش دەپ يېيىشنى.
ئۆگىنەلمىدىم هېرىپ ئۆلسەممۇ،
نامەرد ئېتىغا بىردەم مىنىشنى.

ئۆگىنەلمىدىم ئەمەلنى كۆزلەپ،
تەخسە كۆتۈرۈپ باشنى ئېگىشنى.
ئۆگىنەلمىدىم تۈلكىگە ئوخشاش،
خۇشامەت بىلەن ساختا كۈلۈشنى.

ئۆگىنەلمىدىم مەن ئادەم چېقىپ،
ۋىجدان، غۇرۇرلۇق دىلنى تىلىشنى.
ئۆگىنەلمىدىم زادىلا پەقەت،
«مەن» ئۈچۈن خەقنى قۇربان قىلىشنى.

1996 ـ يىل 7 ـ ئاي

## نه ئۈچۈن...

نه ئۈچۈن بىز ئىناق خۇشال ئۆتەلمەي،
ئۇرۇشۇپ قېيدىشىپ قاپاق تۈرىمىز.
ئايلىنىپ گاھىدا ۋەھشي قاۋانغا،
نه ئۈچۈن قوزىنى قوغلاپ يۈرىمىز؟

نه ئۈچۈن دائىما بىر - بىرىمىزنىڭ،
ئارقىدىن غوتۇلداپ غەيۋەت قىلىمىز؟
ساپمۇساق دىللارغا زەھەر تىغلارنى،
نه ئۈچۈن ئۇرۇشنى شادلىق بىلىمىز؟

نه ئۈچۈن دوست ئارا قۇرۇشۇپ بەزمە،
زەھەرنى «مەي» بىلىپ سورۇن تۈزىمىز؟
ئەجىر قىپ جاپادا تاپقان پۇللارنى،
تولغىنىپ قەي قىلىپ بىكار سورۇيمىز؟

1996 - يىل 12 - ئاي

## دوستلار

ساپ نەسىللىك ئەجدادلارنىڭ پۇشتى بىز،
نامىمىزغا داغ چۈشۈرمەي ياشايلى.
ئارىمىزدىن چىققان ناكەس، پەسكەشنى،
گەپ - سۆز بىلەن تاشلىغۇچە ساۋايلى.

بىر تال مېۋە گەر سېسىق بولسا يېشىكتە،
ھەم سېسىيدۇ باشقىلارمۇ ئەگىشىپ.
بىرىمىزدە قالسا نۇقسان تۈزەلمەي،
بوزەك ئېتەر ئەۋلادلارنى يەكلىشىپ.

تۈگەتمىسەك ئىللەتلەرنى، دوستلىرىم،
قورۇنىدۇ ئەجدادىمىز روھلىرى.
ئاڭلىنىدۇ ئۇ دۇنيادىن قۇلاققا،
ئەجدادلارنىڭ نارازىلىق ئاھلىرى.

1997 - يىل 1 - ئاي

## تېپىۋالدىم جان بېقىشنىڭ يولىنى

ئارىلاشتۇرۇپ ھالال - ھارام پۇل تېپىپ،
ئايىماستىن ئۇنى خەجلەپ يول تېپىپ.
ماڭا تەستىق يازىدىغان قول تېپىپ،
شۇ قول بىلەن «بىنا» يىمغا ئۇل تېپىپ،
تېپىۋالدىم جان بېقىشنىڭ يولىنى.

خۇشامەت قىپ باشقىلارغا ئېگىلىپ،
گېزى كەلسە كىرپە كەبى تۈگۈلۈپ،
ئارقىسىدىن لالما ئىتتەك يۈگۈرۈپ،
ئۆزگىلەرنى تىللاپ ھەتتا تۈكۈرۈپ،
تېپىۋالدىم جان بېقىشنىڭ يولىنى.

خۇشامەتچى دەپ جامائەت كۈلسىمۇ،
سورۇنلاردا دائىم تەنە قىلسىمۇ،
تەنە بىلەن يۈرىكىمنى تىلسىمۇ،
كارىم بولماي مېنى پەسكەش بىلسىمۇ،
تېپىۋالدىم جان بېقىشنىڭ يولىنى.

نەپ بولسىلا تۆرمىدىم ھېچ نەپ تارتىپ،
ئۆزگىلەرگە تۆھمەتلەردىن يۈك ئارتىپ،
يەم ئىشلىتىپ شۇ زاماتلا ئاقارتىپ،
ھەممە ئىشنى ئۆز يولىدا ساقايتىپ،
تېپىۋالدىم جان بېقىشنىڭ يولىنى.

1997 - يىل 1 - ئاي

# لوگىكام

چۈشەنمەستىن ئادەملەرنىڭ قەلبىنى،
ئادەمغۇ، دەپ يۈرىكىمنى ئاچمايمەن.
تاپقىنىمدا چىن ھەقىقى ئادەمنى،
ئۆلۈم كەلسە بىللە مەنكى، قاچمايمەن.

پاك ياشايمەن ۋىجدانىمنى بۇلغىماي،
تىك قەددىمنى نامەردلەرگە ئەگمەستىن،
قالدۇرىمەن پاكلىقىمنى ئەۋلادقا،
تامايىم يوق ئابرۇي، شۆھرەت، مەنسەپتىن.

ئادەم سۈپەت ھايۋانلاردىن يەخەسمەن،
ئادىمىيلىك خىسلىتىدە چىن مەستمەن.
پەزىلەتنى گەر يوقاتسام يەر يۇتسۇن،
بولۇپ كېتەي ئالەم ئارا بىر نەس، مەن.

1997 - يىل 1 - ئاي

# تىلىكىم

كاپشىدىك، دەپ گەر تىلىمنى كەسسەڭمۇ،
قورقماستىن ھەق سۆزلەيمەن يۈرەكلىك.
سېنى بىزار قىلغان بىلەن گەپلىرىم،
ئۇ ئاۋامغا سۇ، ھاۋادەك كېرەكلىك.

بىرنى بىر دەپ ھەق ئادالەت يولىدا،
گېزى كەلسە دادامدىنمۇ يانمايمەن.
ئاقنى قارا دېسە ئەگەر كىمىكى،
ئاقنى ئاقچە كۆرسەتمىسەم يانمايمەن.

«ياق» نى ياققا ئىشلىتىمەن ئورۇنلۇق،
ھەم «ماقۇل» نى دەل جايىغا ئۇدۇللۇق.
نومۇس ماڭا تازىم بىلەن خۇشامەت،
نېمە دېسە ماقۇل دېيىش بىر قۇللۇق.

سەۋەب مەندە سەممى، پاك ۋىجدان بار،
ئازابلىنار ناھەق ئىشقا يۈرىكىم.
بوزەك قىلماي، بوزەك بولماي ياشاشتۇر،
بۇ ھاياتتا مېنىڭ ئارزۇ - تىلىكىم.

1997 - يىل 2 - ئاي

# تاپالمايسەن

ئاچچىق مەيلەر پۇراپ تۇرغان قاۋاقلاردىن،
كوچىلاردا دەلدەڭشىگەن ئاياغلاردىن،
بۇلۇڭلاردا مىڭ پۇكۇلگەن ساياقلاردىن،
«پۇلنى بەر» دەپ تېگىشۋاتقان تاياقلاردىن،
سوراپ سالما، مېنى ھەرگىز تاپالمايسەن.

قۇرۇق سۆزنى پۇلغا ساتقان داخانلاردىن،
گوللىقىدىن ئۇلارنى كۆپ باققانلاردىن،
شۇنداقلاردىن ھەمدە تەلىم ئالغانلاردىن،
پۇشايماندىن دىلىغا ئوت سالغانلاردىن،
سوراپ سالما، مېنى ھەرگىز تاپالمايسەن.

ساق دىللارنى يىلان كەبى چاققانلاردىن،
لالما ئىتتەك قاتراپ ھەريان چاپقانلاردىن،
چېقىمچىلىق پاتقىقىغا پاتقانلاردىن،
ۋىجدانىنى ئۆز نەپسىگە قاتقانلاردىن،
سوراپ سالما، مېنى ھەرگىز تاپالمايسەن.

سۆيگۈسىنى مال ئورنىدا ساتقانلاردىن،
تويغا سالغان ھەشەمەتلىك داسقانلاردىن،
تويدىن كېيىن بېشى غەمدە قاتقانلاردىن،
قۇرۇق شۆھرەت سۈپىسىدا ياتقانلاردىن،
سوراپ سالما، مېنى ھەرگىز تاپالمايسەن.

تىلى شېكەر، دىلى زەھەر كۆرەلمەستىن،
ياخشى بىلەن ياماننى پەرق ئېتەلمەستىن،
نەشتەر ئۇرماي ئۆزگىگە جىم تۇرالماستىن،
ئەل زارىنى ئاڭلىمىسا كۈلەلمەستىن،
سوراپ سالما، مېنى ھەرگىز تاپالمايسەن.

كۆز يەتكۈسىز ئېگىز بىنا - راۋاقلاردىن،
قۇرۇق بولسا ئەرز ياقماس قۇلاقلاردىن،
نەپ بەرمىگەن توقۇم كىتاب، ۋاراقلاردىن،
ئۆزى بەرنا، بىراق ئەقلى بوۋاقلاردىن،
سوراپ سالما، مېنى ھەرگىز تاپالمايسەن.

ھوقۇق تۇتۇپ كاتتا دەۋران سۈرگەنلەردىن،
ھەم ئەجىرسىز رىزىقلارغا كۆنگەنلەردىن،
ئەل - يۇرت ئارا ئۆزىنى بىر بىلگەنلەردىن،
كۈندە مەشرەپ - بەزمە ئويناپ يۈرگەنلەردىن،
سوراپ يۈرمە، مېنى ھەرگىز تاپالمايسەن.

1997 - يىل 3 - ئاي

## مەن ئەمەس

مەن ئەمەس قورسىقىم تويسا كېرىلىپ،
كۆنلىرىم مۆشۈنداق ئۆتسە دەيدىغان.
ئەمەلىي ئىش قىلماي خىيالىمدىلا،
ئاۋۇ تاغ بۇياققا كۆچسە دەيدىغان.

مەن ئەمەس ئۆزگىلەر كېلىپ دۆشكەللەپ،
قويغاندا «ئۇرمىدى، شۇكۇر» دەيدىغان.
يۇۋاشنى كۆرگەندە قىلىپ مەسخىرە،
ئۆزگىگە «ئانىڭغا تۇكۇر» دەيدىغان.

مەن ئەمەس ئۆزگىدىن پاناھلىق تىلەپ،
ئالدىدا تىزلىنىپ «ئاكا» دەيدىغان.
ئەمىلىم ئۆسكەندە دوستلۇقنى ئۇنتۇپ،
«بارلىقىڭ مەن ئۇچۇن چاكار» دەيدىغان.

مەن ئەمەس تۇماقنى ئەكەل دېگەندە،
بېشىڭنى كېسىمەن مەكەل دەيدىغان.
پالتىنى كۆرسىتىپ بۇ كەكە دېسە،
ئەمەسمەن ئەگىشىپ كەكە دەيدىغان.

مەن ئەمەس خۇشامەت قىلىپ ئۆزگىگە،
ئەملىم بىر بالداق ئۆسسە دەيدىغان.
ياشىسام تا ئەبەد ھوقۇق ئۇستىدە،
مېنىڭدىن باشقىسى يوٗتسە دەيدىغان.

1997 - يىل 6 - ئاي

# ئىز

پۈشتى بولغاچ پاك نەسىللىك ئەجدادنىڭ،
ۋىجدانىمنى ساپ قىلىپلا ياشايمەن.
ناكەسلەرگە باش ئەگمەستىن قامچىلاپ،
ئارام بەرمەي ھەر دوخمۈشتا توسايمەن.

تومۇر ۋمدا ئاققان ئەجداد پاك قېنى،
بۇلغىمايمەن ئۇنى قانسىز قالسامۇ.
ئارمىنىم يوق رەزىللەرنى يوقىتىپ،
تىنىق توختاپ گۆر ئالدىغا بارسامۇ.

ئۆزگىلەردىن قاقشىمايمەن جاھاندا،
چۈنكى جاھان، جاھان بولار بىز بىلەن.
نېمە ئۈچۈن پاك بولمىسۇن بۇ جاھان
ماڭساق ئازماي ئەجداد ماڭغان ئىز بىلەن؟

1997 ـ يىل 7 ـ ئاي

## ساياقلارغا

سېسىق مەيلەر ئىچىپ كۈندە قاۋاقتا،
ياشلىق چېغىڭ نابۇت بولۇپ كەتمىسۇن.
تاشلا جامنى، مەيخانىدىن يېنىپ چىق،
گۈلدەك چېغىڭ مەست بولۇپلا ئۆتمىسۇن.

نامى چىققان ئېسىل مىللەت نەسلى سەن،
بارچە بەخت شەرمى - هايا، ئىلمىدە.
قورۇنمامدۇ ئەجدادىڭنىڭ روھلىرى،
توپا بېسىپ تۇرسا ئەجرى چۆرەڭدە.

قالغىنىڭمۇ يېتەر يەنە ئارقىدا،
قوغلاپ باققىن يېتىشىپمۇ قالارسەن.
مىنسەڭ پەننىڭ دۇلدۇلىغا ئۈمىدتە،
بەلكى سەنمۇ ئاينى ئۈزۈپ ئالارسەن.

1997 - يىل 8 - ئاي

## دوستۇمغا

نامەردلەردىن كۈتمە ھەرگىز ياخشىلىق،
ئۇ بىلمەيدۇ ياخشى بىلەن ياماننى.
نەپ تەگسىلا باش قاتۇرۇپ ئولتۇرماي،
دوستۇم دەيدۇ ھەتتا يىلان - چاياننى.

ئادەملەرگە ئوخشىسىمۇ سىياقى،
چىن - ھەقىقىي ئادەملىكتىن يىراق ئۇ.
ئۇ كىرەكسىز بىر ئەخلەتتۇر زېمىنغا،
ياندۇرساڭمۇ يورۇق بەرمەس چىراغ ئۇ.

شۇڭا يېقىن يولىمىغىن نامەردكە،
نامەردلەرنى دوست تۇتقانلار ئازىدۇ.
ھەم نۇقسانسىز ئاپئاق تارىخ بېتىگە،
«نامەرد» دېگەن سۆزنى خەلق يازىدۇ.

1997 - يىل 8 - ئاي

# ئارمان

كۈلۈش ئەسلى ئەمەستى گۇناھ،
كۈلەي دېسەم سەن كۈلدۈرمىدىڭ.
باساي دېسەم لەۋلىرىڭگە لەۋ،
بىلەلمىدىم ھېچ باستۇرمىدىڭ.

ئۆتتۈپ قالدىم ھەتتا كۈلۈشنى،
كۆنۈپ قالغاچ قاپاق تۈرۈشكە.
ئىچىمگىلا يۇتتۇم دەردىمنى،
بولمىغاچقا پۇرسەت دېيىشكە.

قىينىمىغىن، گۈزىلىم بولدى،
مەنمۇ ھەقلىق ئەسلى كۈلۈشكە.
كۈلۈپ باقاي قاراپتۇر قېنى،
بىل رازى مەن كۈلۈپ ئۆلۈشكە.

1997 ـ يىل 27 ـ ئۆكتەبىر

# ئەپسۇس

دوستۇڭ بولاي دېگەن چاغدا قول سۇنۇپ،
سۇنغانىدىم مەنمۇ ساڭا قولۇمنى.
ھەممىمىزنى ئادەم ئاتا نەسلى دەپ،
مەن ئىزىڭدىن ئىزدىگەنتىم يولۇمنى.

گەر يىغلىساڭ مەنمۇ يىغلاپ، ئاھ ئۇرۇپ،
سەن كۈلگەندە ھاياجاندىن كۈلەتتىم.
جۈت - بوراندا قالساڭ، كۆكرەك كېرىپ مەن،
سېنىڭ ئۈچۈن ئوتقا، سۇغا كىرەتتىم.

تەقدىر چاقچاق قىلىپ مېنى قىينىسا،
سەن ئەجەبمۇ كۈلۈپ كەتتىڭ قاقاھلاپ.
بۈگۈن پۇلسىز قالغان چاغدا يانچۇقۇم،
سەن جىمجىتلا كەتتىڭ مەندىن يىراقلاپ.

1997 - يىل 11 - ئاي

# خالىمايمەن

خالىمايمەن ئۆزگىلەرنى ئالداشنى،
خالىمايمەن ناكەسلەرنى ياندىشنى.
خالىمايمەن كۆچۈكلىنىپ - يېلىنىپ،
تاپان يالاپ تۇرمۇشۇمنى قامداشنى.

خالىمايمەن بىكار ئويناپ يۈرۈشنى،
خالىمايمەن ھەم تېتىقسىز كۈلۈشنى.
خالىمايمەن دوستلىرىمنىڭ يولىغا،
تىكەن بولۇپ، يانتاق بولۇپ ئۈنۈشنى.

خالىمايمەن باشقىلارنى دوراشنى،
خالىمايمەن كۆڭۈللەرنى ئوۋلاشنى.
خالىمايمەن مەيدە كېرىپ، غادىيىپ،
لايغەزەللىك ناخشىسىنى توۋلاشنى.

خالىمايمەن ياۋاشقا مۇشت ئېتىشنى،
خالىمايمەن ۋىجدانىمنى سېتىشنى.
خالىمايمەن بىلىمسىزلىك ئىچىدە،
نادانلىقتىن دائىم ئۇخلاپ يېتىشنى.

1998 - يىل 3 - ئاي

## يوق

ئىز قالدۇرماي شۇ تۆھپەمدىن ئەۋلادقا،
كەلگەندەكلا يەنە يىغلاپ كەتكۈم يوق.
ئەجدادىمنىڭ ئېسىل خىسلەت نامىغا،
پۇشايماننىڭ توپىسىنى سەپكۈم يوق.

تەلىم ئالدىم ئەجدادلارنىڭ سۆزىدىن،
پەشۋا بىلەن ئۇنى نېرى تەپكۈم يوق.
ياندۇرماستىن ئۇلار ياققان مەشئەلنى،
مەنزىلىمنى بالدۇر تامام ئەتكۈم يوق.

1998 - يىل 5 - ئىيۇل

## تەرجىمىھالىم

ياشاش ئۇچۇن ھەم تۇغۇلغىنىم راس،
بىراق ياشاي دەپ ئەگمىدىم بەلنى.
بېشىمغا ئېلىپ كۆتۈردۈم دائىم،
ئەرلەر ئىچىدىن چىققان چىن ئەرنى.

ناكەسلەر ئۇچۇن بولۇپ پاي - پېتەك،
لالما ئىت بولۇپ باقمىدىم جاننى.
ساقلىدىم ئېسىل ئەجدادىم كەبى،
ئەرزانغا ساتماي غۇرۇر ۋىجداننى.

ئېگىلسە گەر كىم ئېگىلدىم مەنمۇ،
گەر پېشانەمدىن قانلار چىقسىمۇ.
مۇشت ئاتقانغا ئاتتىم مەنمۇ پەشۋا،
كېلىپ غەيرەتكە جانلار چىقسىمۇ.

ئۆزگە ئالدىدا بويۇننى قىسىپ،
تەلمۈرۈپ ئاچا قول ئۇزارتمىدىم.
ئۆتۈۋېلىپلا ئۆزگە ئالدىغا،
ئارقامدا قالسا چاڭ توزۇتمىدىم.

1998 - يىل ئىيۇل

## ھەقىقەت

بىر نەرسىنى ئىككى دېدىڭ قارىيىپ،
ھەق گەپ قىلىپ مەن بىر دېدىم ئالىيىپ.
شۇ سەۋەبلىك قالدىم سېنىڭ ئالدىڭدا،
گەپ ئاڭلىماس گەدەنكەش دەپ سانىلىپ.

بىر دەۋەردىم ئىككى دېسەڭ كۆنمەستىن،
سەن ئويلىغان شۇ تۇپراققا ئۈنمەستىن.
ئازماي مېڭىپ ھەق ئادالەت يولىدا،
ئامان قالدىم قاپقىنىڭدىن — قەستلەشتىن.

دېگىنىمدەك مەن دېگەن بىر، بىر بولدى،
چىدىماستىن كۆزلىرىڭگە قان تولدى.
يالغۇرساڭمۇ ئىككى ئەمەس ئۈچ كېلىپ،
قېقىرىتىپ كارنىيىڭدىن كاپ بوغدى.

1998 - يىل 26 - ئۆكتەبىر

## چۈنكى مەن . . .

بىلمەيمەن خۇشامەت ساختاكۆلۈشنى،
بىلمەيمەن يېلىنىپ بەلنى ئېگىشنى.
ھەم يەنە بىلمەيمەن پارا بېرىشنى،
چۈنكى مەن جاپاكەش ئاددى ھەۋەسكار.

ماختاشلار ياغسىمۇ ئۇچۇپ كەتمىدىم،
باشقىلار ئېشىغا توپا سەپمىدىم.
مەنزىلگە دوستلىرىم تېخى يەتمىدىم،
چۈنكى مەن جاپاكەش ئاددى ھەۋەسكار.

1998 - يىل 24 - نويابىر

# ۋاقىت

«ۋاقىت ئالدىراڭغۇ ساقلاپ تۇرمايدۇ»[1] ،
تۇيدۇرماي ئىلكىڭدىن قېچىپ كېتىدۇ.
ئىشلەمسەن، ئوينامسەن ئۆزۈڭنىڭ ئىشى،
تىللىماس ئۇ سېنى ياكى ئۇرمايدۇ.

بىراق ئۇ دۇنيادا ھەممىدىن ئىتتىك،
ھەتتاكى ئاتقان ئوق ئاڭا يېتەلمەس.
ئۇنىڭدىن قايغۇ ھەم شادلىق تۇغۇلار،
ۋە لېكىن نادانلار ئۇنى بىلەلمەس.

بولغاچقا ئۇ سېخى ھەممىگە شۇنداق،
ئايىماي ئۆزىنى قىلىدۇ تەقدىم.
ئاقىللار يەتكەچكە ئۇنىڭ قەدرىگە،
دېيىشەر دائىما ئۇنى ئۆز بەختىم.

دوستلىرىم ۋاقىتنى قەدىرلەيلى بىز،
كەتمىسۇن ئۇ ھەرگىز قۇرۇق ئىجاتسىز.

---

① بۇ مىسرا ل. مۇتەللىپنىڭ.

تامغىلار ئۇرايلى پېشانىسىگە،
كېتەيلى ئەۋلادقا قالدۇرۇپ بىر ئىز.

1990 - يىل 8 - ئاي

# باھار

قوغلىدىڭ جۇدۇننى، چىللىدىڭ يازنى،
ياپپېشىل رەڭ بىلەن ياسىنىپ باھار،
تەبىئەت ئەركىسى قۇشلارمۇ سېنى،
قارشى ئېلىپ ئالدىڭدا تىزىلدى قاتار.

زىمىستان مۇزلاتقان سۇپسۇزۇك سۇلار،
ئىللىدى، ئېقىشتى كۆلۈپ ئويناقشىپ.
سوغۇقتا يوقالغان سەلكىن شامالار،
سىيلىدى زېمىننى ئاستا سويلىشىپ.

ساڭا كۆپ تەلمۈرگەن دەل - دەرەخلەرنىڭ،
بىخلىرى باش سىلكىپ ماراپ قاراشتى.
قوينۇڭدا ئېچىلغان رەڭدار گۈل - چېچەك،
يۇرتۇمنىڭ ھۆسنىگە بەكمۇ ياراشتى.

شادلىنىپ باللار كەلدى دەپ سېنى،
كىرمەستىن ئۆيگە ئۇچۇردى لەگلەك.
نوتىدىن ياسىشىپ پى - پى سازىنى،
سايراشتى بەسلىشىپ گويا بۇلبۇلدەك.

بەرسەڭ بەر ئورنۇڭنى يازغا ئەي باھار،
بەرمىگىن ھەرگىزمۇ زىمىستان قىشقا.
ئامراقتۇر شائىرنىڭ كۆيلەپ سىنى ھەم،
شەنىڭگە نۇرلۇق ئەشئار يېزىشقا.

1991 - يىل 2 - ئاي

# ۋەتەن

مەن سىنىڭ باغرىڭدا ئۆسۈپ چوڭ بولدۇم،
تەربىيەڭ بىلەن ھەم ئازماس، ئوڭ بولدۇم،
شۇڭلاشقا ئاشىقىڭ بۇلبۇلۇڭ بولدۇم،
ئەي ئۇلۇغ مۇقەددەس، جانجان ۋەتەن.

قوينۇڭغا تۆكۈلدى كىندىكتىن قېنىم،
ساپ ھاۋاڭ بىلەن ساق ئۆستى بۇ تېنىم.
رازىمەن قوغداشتا كەتسىمۇ جېنىم،
ئەي ئۇلۇغ، مۇقەددەس، جانجان ۋەتەن.

پەرزەنتىڭ مەن سىنىڭ پەخىرلىنىمەن،
جاپادىن قاچمايمەن يەڭنى تۈرىمەن.
ئەجرىمدىن گۈل ئۈنسە خۇش بوپ كۈلىمەن،
ئەي ئۇلۇغ، مۇقەددەس جانجان ۋەتەن.

مەن سىنى قوغداشتا ئۇلۇش كۈچ قاتاي،
ھەم ساڭا قارشىغا شىددەت ئوق ئاتاي.
گەر ئۆلسەم باغرىڭنى قۇچاقلاپ ياتاي،
ئەي ئۇلۇغ، مۇقەددەس، جانجان ۋەتەن.

1991 ـ يىل 6 ـ ئاي

# ۋاقىتقا خىتاب

ئەي ۋاقىت، سەن كىمگە قىلغانتىڭ قەسەم،
كەتتىڭغۇ ئارقاڭغا قايتا يانمىدىڭ.
ئەپكەتتىڭ سەن نۇرغۇن ئېسىل زاتلارنى،
ئەجەبمۇ ئاچكەنسەن، زادى تويمىدىڭ.

بولساڭمۇ سەن شۇنداق تۈگىمەس چەكسىز،
ھەرجانغا بېرىپسەن چەكلىك قىسمەتنى.
بىلەمسەن ئىنسانلار تويماستىن ساڭا،
يادلىشار دائىما سېنىڭ ئىسمىڭنى.

ئۆگەنسەڭ بولاتتى سېخىلىقنى سەن،
پۇخادىن چىققۇچە تويۇۋالساق بىز.
نەۋرىمىز، ئەۋرىمىز، چەۋرىمىز بىلەن،
ياخشى بولاتتى كۆرۈشۇۋالساق يۈز.

ۋە لېكىن ئالدىراپ كەتمە كۆرەڭلەپ،
ئىلكىڭدىن ھەسسەمنى ئالىمەن يۇلۇپ.
ئەجرىمدىن بوينۇڭغا ئاسىمەن مېدال،
قالىدۇ ئەۋلادقا يالداما بولۇپ.

1993 - يىل 4 - ئاي

## ئوغلۇمغا

ئويىنىۋال، ئوغلۇم، دادىڭ قولىدا،
چۈنكى، سەن بوۋاق ئەركىلەپ، سەكرەپ.
ئەلگە يارامىلىق ئادەملا بولساڭ،
چوڭ قىلاي سىنى دائىم پەپىلەپ.

ئويىنىۋال، ئوغلۇم، دادىڭ قولىدا،
مەيلى سىيىپ قوي ۋە يا تامىلا.
مەنمۇ سىنىڭدەك قىلسام دادامغا،
بولمايتتى خاپا ئۇمۇ زادىلا.

ئويىنىۋال، ئوغلۇم، دادىڭ قولىدا،
قىلىقلىرىڭدىن ھىچ زىرىكمەيمەن.
يۇلۇپ ساقالنى سوزساڭ قۇلاقنى،
سۆيۈنەر دىلىم ھىچ تىرىكمەيمەن.

ئويىنىۋال، ئوغلۇم، دادىڭ قولىدا،
ئامراقمەن سىنىڭ ئويۇنلىرىڭغا.
قانمايمەن سىنى دادامغا ئوخشاش،
قوندۇرۇپ يۈرسەم بويۇنلىرىمغا.

ئوينىۋال، ئوغلۇم، داداڭ قولىدا،
باسسەن كېيىن مەن ماڭغان ئىزنى،
چەتنىمىسەڭ گەر ئەجداد يولىدىن،
ئەۋلادلىرىڭ ھەم ئۇنۇتماس بىزنى.

1995 - يىل 5 - ئاي

# ئاق چەككەن دوستۇمغا

غۇنچە ئىدىڭ، ئاق چېكىپ كەتتىڭ توزۇپ،
ئىسقا ساتتىڭ ئۆي - ئىمارەتنى بۇزۇپ.
بىلمىدىم، ئاق دەپ ئاتالغان جادۇگە،
نە ئۈچۈن قويدۇڭ ئۆزۈڭنى تۇتقۇزۇپ.

ئاقنى چەكمەستە كېلىشكەن ياش ئىدىڭ،
ئارىمىزدا خۇددى تايدەك شاش ئىدىڭ.
نە سەۋەب ئازدۇردى ئۇ شەيتان سېنى،
شۇ تۇپەيلى كۈندە مىڭ «ئاھ، ۋاي» دېدىڭ.

تىترىتىپ ئىمجان تېنىڭنى ئاھ ئۇرۇپ،
خوشلىشامسەن بۇ جاھاندىن ياش تۇرۇپ؟
ئۆچمىسۇن دەپ ئىزىڭنى ئەجدادلىرىڭ،
ئۆتتىغۇ نى - نى ئۈمىدلەرنى كۈتۈپ.

ئۆچمىسۇن ئەجداد ئىزى، شامى دېسەڭ،
چەكمە دوستۇم، ئاق ئىجىسنى تاشلىغىن.
قايتىدىن نۇرلاندۇرۇپ ئىقبالنى سەن،
قەدىمىڭنى يېڭى باشتىن باشلىغىن.

1995 - يىل 5 - ئاي

## ياشلىقىم

ئوغرى يىللار ياشلىقىمنى ئوغۇرلاپ ئېلىپ كەتتى،
غۇبارسىز پاك چىرايىمغا قورۇقلار سىلىپ كەتتى.

ئوغىرلانغان ياشلىقىمنى تاپالماستىن دوستلىرىم،
ئاھ، ياشلىقىم! دىبان توۋلاپ، ئاغزىمىمۇ تىلىپ كەتتى.

قىيناپ مىنى شۇ ۋىجدانىم تىڭشىماستىن زارىمنى،
سەن ياشلىقنىڭ قاتىلى دەپ سوراقلار قىلىپ كەتتى.

ھەسرىتا! ياشلىق گۈلۈم كەتتى توزۇپ بەرمەي پۇراق،
ئۇشبۇ چەكلىك ھاياتىمنىڭ تېگىنى ئېلىپ كەتتى.

يەتمەپتىمەن ياشلىقىمنىڭ قەدرىگە مەن زادىلا،
ھاياتىمغا گويا بىرەر مېھماندەك كېلىپ كەتتى.

1995 - يىل 7 - ئاي

## بەزىلەر

كۆنى ئۆتمەس بەزىلەرنىڭ باشقىلارنى چاقمىسا،
تاپسا بىر گەپ، قوشلاپ يەنە نەچچە ئوننى قاتمىسا.

ئۇيقۇ قېچىپ كۆزلىرىدىن، ئۇخلىيالماس كېچىسى،
ئاپشاركىدەك پۇراپ يۈرۈپ لازىملىقنى تاپمىسا.

ماختاپ هارماي، تازىم بىلەن ئۆتۈۋېلىپ ئالدىدىن،
قويماس ئاڭا ۋىجدانى يول، ئارقىدىن مۇشت ئاتمىسا.

ۋىجدان دېگەن يوقلا بىر گەپ ئۇنداقلارنىڭ ئالدىدا،
مەيلىغۇ شۇ ئادەملىك سىياقىنى ساقلىسا.

هەر ئادەمنىڭ رىسقى باشقا بۇ ئالەمدە ئەسلىدە،
بىلىپ شۇنى شۈكۈر قىلسا، ئۆزگىدىن تالاشمىسا.

ئادەم بولۇپ يارالغانكەن ياشىسا چىن ئادەمدەك،
نەپسىنى دەپ ئىنساۋىنى، غۇرۇرىنى ساتمىسا.

كەتسە دەيمەن ئۇلار تېزدىن، بۇ دۇنيادىن خوشلىشىپ،
خالىس نىيەت، دىيانەتلىك ئەل ئىچىگە پاتمىسا.

1995 - يىل 7 - ئاي

# كۆرەلمەس

پاك ئادەمگە ھەر ۋاقىت قەست قىلالركەن كۆرەلمەس،
ساق دىللارنى دائىما خەس قىلالركەن كۆرەلمەس.

ئېگىز ساناپ ئۆزىنى، ئۆزگىلەرنى ھەر ۋاقىت،
ئاڭا پەقەت قول يەتمەس پەس قىلالركەن كۆرەلمەس.

تاپالمىسا ئۆزگىدىن زەررىچىلىك بىر نۇقسان،
ئازدۇراي دەپ مەي قۇيۇپ مەس قىلالركەن كۆرەلمەس.

ئاسان ئىشنى كۆرگەندە سەپ ئالدىدا شاپاشلاپ،
قىيىن ئىشنى سەن قىل دەپ، بەس قىلالركەن كۆرەلمەس.

ياراتساڭ بىر يېڭىلىق، قويۇپ ئاڭا توساقلار،
راۋان ماڭغان يولۇڭنى تەس قىلالركەن كۆرەلمەس.

ئارىلاشساڭ ئۇلارغا، ئاخىرىدا سېنىمۇ
ئۆزىدىنمۇ بەتبەشىر، نەس قىلالركەن كۆرەلمەس.

مىڭ چاياننىڭ زەھىرىدىن بەتەر بولغاچ شۇم تىلى،
ساق تەنلەرنى چېقىپ بەرەس قىلاركەن كۆرەلمەس.

1995 ـ يىل 7 ـ ئاي

# تەڭرىگە

ھەر شەنبە گۈگۈمدا پىنھان يول بىلەن،
كۆزلىرى ياش يۇقى ئۆتىدۇ بىر قىز.
ئاخىرقى شەپەقنى يېپىپ ئۈستىگە،
توختىماي ھېچ يەردە ماڭار شۈنچە تېز.

يەتكەندە نىشانغا شامالدەك تىترەپ،
شۇ تونۇش قەبرىگە قويار غەمكىن باش.
قانچىلىك تېز چۆكتى قەبرە يېنىدا؟
نە ئۈچۈن قۇرىماس كۆزىدىكى ياش؟

قانداقمۇ تۈگىسۇن ھەسرەتنىڭ يېشى،
ئاشىقى كەتسە گەر يارىنى تاشلاپ.
سۇ كەبى قوشۇلۇپ كەتكەن يۈرەكنى،
بىرگە ئېپ كەتكەندە پانىغا باشلاپ.

بىراق قىز كۆپ يىللار قىلىسمۇ نالە،
قەبرىدىن چىقمىدى ھېچقانداق سادا.
ئېيتقىنا مېھرىبان ئەي ئۇلۇغ تەڭرىم،
ئاشۇ قىز ئالدىڭدا قىلغان نە گۇناھ؟!

1996 - يىل 7 - ئاي

## شائىر

تۇنلەردە تۆرەلگەن جاپا مېۋىسىنى،
خەلقىگە ئايىماي بېرىدۇ شائىر.
غۇرۇر ۋە ۋىجدانغا بولغاچقا ئۇ باي،
جاھانغا ياخشىلىق تېرىيدۇ شائىر.

تەپەككۇر دۇنياسى ئۇنىڭ ئىلكىدە،
كۆز يۇمماي تۈن ئارا ئوينىتار قەلەم.
بولغاچقا ئۇنىڭدا كۈچلۈك ئېتىقاد،
نېرىدۇر ئۇنىڭدىن قايغۇ، دەرد - ئەلەم.

كەلسە قاچاندا ئىلھام قىزلىرى،
ئۇنىڭدىن بىر ھۇزۇر ئالماي قويمايدۇ.
ئۇ شۇنداق مۇقەددەس ئوتلۇق ھۇزۇركى،
شائىرنىڭ بىر ئۆمۈر كۆڭلى قانمايدۇ.

مەنسەپ، مال - دۇنيادىن يوقتۇر تامايى،
تاللىغاچ ھاياتتا ئۇ مۇشۇ يولنى،
قانىسىزغا قان بېرىپ، قىلچە ۋايىسماي،
تاۋلىنار مۇستەھكەم يەشمەي بېلىنى.

1996 - يىل 7 - ئاي

## دادامغا مەرسىيە

بارتىغۇ ئارزۇيۇڭ تېخى يەتمىگەن،
بارتىغۇ ھەم نەۋرەڭ ئەللەي ئەتمىگەن.
ئەجەبمۇ تېز كەتتىڭ، ئامراقمۇ خۇدا،
بارتىغۇ سەپدىشىڭ تېخى كەتمىگەن.

ئۆزگىلەر دادا دەپ توۋلىسا ھەرچاغ،
جان دادا يۈرىكىم يىغلار ئاھ ئۇرۇپ.
ئەجەبمۇ ئەپكەتتى رەھىمسىز ئەجەل،
سېنى شۇ باقىغا بىز قانماي تۇرۇپ،

ئاھ، تەقدىر ئايرىدى بىزلەردىن سېنى،
شۇ سەككىز يۈرەكنى قويۇپ ھەسرەتتە.
مۇراتقا يەتتىمۇ رەھىمسىز تەقدىر،
ئاپىرىپ قويۇپلا سېنى لەھەتكە.

قۇلىقىم توۋدىن كەتمەيدۇ ئۈنۈڭ،
كۆرىمەن چۈشلەرنى سېنى قۇچاقلاپ.
رازىتىم قايتىدىن تىرىلسەڭ دادا،
بىر ئۆمۈر يۈرۈشكە سېنى ھاپاشلاپ.

خاتىرجەم يات دادا بىزنى ئويلىماي،
قويمايمىز ئۆچۈرۈپ ئۈمىد شامىڭنى.
ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قالدۇرۇپ مىراس،
ياد ئېتىپ ماڭىمىز ئېسىل نامىڭنى.

1998 - يىل 17 - يانۋار

## شېئىر بىلەن

شېئىر خۇمار ئانا باغرىدىن —
شائىر بولۇپ تۇغۇلدۇم يەرگە.
شېئىر بولۇپ ياشايمەن ئەبەد،
يالقۇنۇمنى تارتىپ ئەلگە.

شائىر بولۇپ پورەكلەپ هامان،
كائىناتنى پۈركەيمەن گۈلگە.
شېئىر بىلەن شۇم رەقىبلەرنىڭ،
قىلمىشىنى تەڭ قىلدىم نۆلگە.

شېئىر بىلەن ياشايمەن ئەبەد،
ئەل كۆڭلىگە بېرىپ زوق ئىلهام.
شېئىر بىلەن قىلىمەن گۈمران،
ناكەسلەرنى سۈپۈرۈپ تامام.

1998 - يىل 7 - ئاي

# باشلانمىغان تارىخ

بىر چۈشسەن ھېچ كىشى كۆرۈپ باقمىغان،
بىر ئۇتسەن ھېچ كىشى كۆيۈپ باقمىغان،
بىر گۈلسەن ھەممىسى ئىنتىلگەن، ئەمما
ھېچ كىشى پەيزىنى سۈرۈپ باقمىغان.

كۆۋرۈكسەن ھېچ كىشى ئۆتۈپ باقمىغان،
كەۋسەرسەن ھېچ كىشى يۇتۇپ باقمىغان،
تۇمارسەن شۇنچە كۆپ خىسلەتلەرگە باي،
ھېچ كىشى تېخىچە پۈتۈپ باقمىغان.

بىر يولسەن ھېچ كىشى مېڭىپ باقمىغان،
بىر شامسەن تېخى بىر يېنىپ باقمىغان.
دىلتار سەن، تارىخقا مۇڭلار مۇجەسسەم،
ھېچ كىشى بىر قېتىم چېلىپ باقمىغان،

مەن بۈگۈن باشلايمەن يېڭى قەدەمنى،
قولۇمدا چىڭ تۇتتۇم يېڭى قەلەمنى.
يېتىپمەن چوققۇمكى سىنىڭ قەلبىڭگە،
كۆرستەي ئالەمگە يېڭى ئادەمنى!

1998 - يىل ئىيۇل

# ئۆزىتىش

خەير - خوش، ئەي مېنىڭ بەگۋاش ھېسلىرىم.
خەير - خوش، ئەي ساختا قەسەم سۆزلىرىم.
خەير - خوش، ئۆزىتاي كەتكىن يىراققا —
ياشلىق دەپ ئېگىز - پەس باسقان ئىزلىرىم.

خەير - خوش، مەيخانا ۋە ئاچچىق ھاراق،
خەير - خوش مەستلىكتە يېگەن مۇشت - تاياق.
خەير - خوش، توۋلىما ھەم تاپالمايسەن،
ھاراققا قۇل بولغان ئۆلپىتىم ساياق.

خەير - خوش، ئەي ماكان، تونۇش دوقمۇشۇم،
خەير - خوش، ئاچ قورساق يانچۇق يوقلىشىم.
خەير - خوش، مەنىسىز ئويۇن - تاماشا،
يولىما قېشىمغا، يوق ئەمدى خوشۇم.

1998 - يىل سېنتەبىر

# ئارزۇ

مۇرادقا يەتمىگەن ئارمانلىرىمنى —
يېتىلەپ يىراققا بىر كېتەي دەيمەن.
خار بولغان سۆيگۈمنى قۇمدەك پارچىلاپ،
قولۇمدا زېمىنغا بىر سېپەي دەيمەن.

ئۆستۈرۈپ زېمىندا يىللاردىن سۆيگۈ،
سۆيگۈنى بىلمەسكە كۆرسىتەي دەيمەن.
سۆيگۈنى خارلىغان ناكەسلەرنى ھەم
زېمىندىن پاك - پاكىز سۈپۈرەي دەيمەن.

1998 - يىل 27 - دېكابىر

## بىزلەر

قىسمەتلەرگە تولغان بۇ دۇنيا،
سوۋغىسىدىن قويماسكەن نېسى.
ھەم ئالاركەن ھەققىنى يۇلۇپ،
دەل ۋاقتىدا، قىلماستىن نېسى.

بىردە كۈلسەك، بىردە ياش تۆكۈپ،
يۈرەركەنمىز بەزلەپ ئۆمۈرنى.
پۇشايماندا تولغىناركەنمىز،
قىزىغاندا سوقماي تۆمۈرنى.

كېلەركەنمىز ھەم كېتەركەنمىز،
ئۈلىشىپلا ئۈزۈلۈپ قالماي.
بىر مۇقامنى توۋلايدىكەنمىز،
يۈزلىرىمىز قىزىرىپ قالماي.

1999 - يىل يانۋار

# ئوغلۇمغا

قالارسەن بىر كۈنلەر قار - يامغۇر يىغلاپ،
جۇدالىق ئەلىمى قەددىڭنى ئېگىپ.
كېتەرمەن كۆزلىرىم يۇمۇلماي ئوغلۇم،
بۇ ئالەم دەردىنى ساڭا مىراس قىپ.

تارتارسەن كەتكىچە مەندەك بىر ئۆمۈر،
بۇ يورۇق دۇنيانىڭ دەردىنى ئوغلۇم.
هاياتلىق — كۆز ياشتىن سۇغىرىلغان گۈل،
بىر كۈلسەڭ مىڭ يىغلاپ، نالە قىپ يۇم - يۇم.

بەرداشلىق بېرەلمەي ھەمدە ئازابقا،
مېنىڭدەك داداڭنى تىللارسەن بەلكىم.
تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قەبرەم ئالدىدا،
دادا دەپ ياشلارنى تۆكەرسەن بەلكىم.

قۇلاق سال ئەي ئوغلۇم، ئەمدى پۇشتۇڭغا —
ئازابنى ھەرگىزمۇ مىراس قىپ كەتمە.
تىرىشقىن - تىرماشقىن ھاياتلىقىڭدا،
تۇز مېڭىپ يولۇڭدىن ئادىشىپ كەتمە.

1999 - يىل 16 - يانۋار

# سۈرىتىڭ

نەگە بارسام، تەڭ سوكۇلداپ مېڭىپ باقتىڭ،
نېمە قىلسام دوراپ سەنمۇ قىلىپ باقتىڭ.
ئۆز كۆڭلۈڭدە مەشئەل بولۇپ يېنىپ باقتىڭ،
گاھى خەپلەپ قاپىقىڭنى تۈرۈپ باقتىڭ.
خىجىل بولماي يېڭى پىلان تۈزۈپ باقتىڭ،

ئىچىڭ قوتۇر بولغاچ ئىشىڭ ئەپلەشمىدى،
ساڭا سادىق بىرەر ھەمراھ سەپلەشمىدى.
ھەمدە دوست دەپ تىزىملىككە خەتلەشمىدى،
گاھى ئىتتەك تالىساڭمۇ سەتلەشمىدى.
شۇندىمۇ سەن پەخىرلىنىپ يۈرۈپ باقتىڭ،

قىرىق ياشقا كىرىپمۇ تۇل يۈرۈۋەردىڭ،
ھەم ئورۇنسىز ئىشلار ئۈچۈن كۈلۈۋەردىڭ.
ئۆزگەرمىدىڭ بىر رىتىمدا يۈرۈۋەرىڭ،
ئەل قەلبىدە كۈندىن - كۈنگە چىرىۋەردىڭ.
ئۆز ئۆزۈڭچە كاتتا ئەرباب بولۇپ باقتىڭ.

ئۆزگىلەردىن ئۇنى - بۇنى سوراپ يۈرۈپ،
ئاپشاركىدەك ھەممە يەرنى پۈراپ يۈرۈپ.
ئاجىزلارنى دوقمۇشلاردا توراپ يۈرۈپ،
ئەل قاقشىسا سەن خۇشال بوپ ئويناپ يۈرۈپ.
پاك يۈزلەرگە نىجاسەتنى سۈرۈپ باقتىڭ،

ئويلىمىدىڭ ئۆز نەسلىڭنى، ئېزىپمۇ بىر،
ھېچ باقمىدىڭ ئۆز - ئۆزۈڭنى قىزىپمۇ بىر.
بولالمىدىڭ سۈرىتىڭنى سىزىپمۇ بىر،
تۇگىمىدى پەسكەشلىكىڭ يېزىپمۇ بىر.
بەلكىم سەنمۇ يازغىنىمنى كۆرۈپ باقتىڭ.

# دۇنياغا

يىغلاپ تۇغۇلدۇم، كۈلۈپ ياشايمەن،
دېگەن ئۈمىدتە يۈرگەنتىم دۇنيا.
كۈلۈپ باقمىدىم، تېخىچە بىر رەت،
كۈتكەن دىلبىرىم، كەلمىدى قايتا.

سۈرەلمىدىم راھەتلىرىڭنى،
شاتلىقنى تەرىك ئەتكەنمىدىڭ سەن.
مەن كەبى تالاي ئوغلانلىرىڭنى،
قويۇپ ئارماندا كەتكەنمىدىڭ سەن.

قارىسا قوينۇڭ كۆرىنەر كەڭرى،
ئەكسىچە باغرىڭ ئىكەن تاش سېنىڭ.
ئۆتمەكتە كۈنۈم زارلىنىپ سەندىن،
قۇرىماي دائىم كۆزدىن ياش مېنىڭ،

# ئۆكۈنۈش

ياشىساقمۇ زامانداش بولۇپ،
سۆيۈلۈشتىن مەھرۇم روھىمىز.
ئازاب ئىچىدە يوقالدى ئۆتمۈش،
كۆچ - ماداردىن قالدى تېنىمىز.

ئاھ نىمانچە قېيىن ياشىماق،
سۆيگۈ ئۈچۈن بەدەللەر تۆلەپ.
كېتەرمىزمۇ ئاھ دىبان يىغلاپ،
بۇ - دۇنيادىن مۇرادسىز ئۆلۈپ.

كاج تەقدىرنىڭ چاقچاقلىرىغا،
بېرەلمىدىم ئەمدى بەرداشلىق.
ياشاشتىنمۇ كەتتىم زېرىكىپ،
نەدە قالدىڭ ئوت سالغان ياشلىق.

# ئىشەنچ

كەتتىڭ سەن ئارقاڭغا يېنىشلاپ بېقىپ،
قالدىم مەن ھەسرەتتە دەردلەرگە پېتىپ.
بىتاقەت ساقلىدىم، يۈرەك سۆزۆمنى
كۆي قىلىپ تۈنلەردە قەغەزگە پۈتۈپ.

دەردلەردىن ئاھ بۇگۈن پۈتتى بىر داستان،
مەن ئوقۇي ئىگارىم تىڭشاپ باققىنا.
بۇ تەشنا يۈرىكىم تاپسۇن تەسەللىي،
سەن جىمجىت تۈنلەرگە قۇلاق ياققىنا.

كۆرەلمەي گەر سېنى يۇمۇلسا كۆزۈم،
مەن تەگرى ئالدىغا قانداق بارىمەن؟
ئىشەنگىن دىلبىرىم، ئىشەنگىن چوقۇم،
ئۆلمىسەم ۋەسلىڭگە چوقۇم قانىمەن.

1999 - يىل 8 ئاينىڭ 1 - كۈنى

图书在版编目(CIP)数据

箭/艾克拜尔·加帕尔.—乌鲁木齐:新疆大学出版社,2001.4
ISBN 7-5631-1354-1

Ⅰ.箭... Ⅱ.艾... Ⅲ. Ⅳ.

中国版本图书馆 CIP 数据核字(1998)第 0000 号

责任编辑: 库尔班·阿西木
责任校对: 阿达来提·牙合甫

# 《箭》

(诗集)

艾克拜尔·贾帕尔

新疆大学出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路 14 号 邮政编码:830046)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐福利印刷厂印刷
787×1092 毫米 1/32 开本 3 印张
2001 年 4 月第 1 版 2001 年 4 月第 1 次印刷
印数:0001—1500

ISBN 7-5631-1354-1/I.220
定价:5.00 元



ISBN 7-5631-1354-1

9 787563 113545 >

ISBN 7-5631-1354-1
I·220（维文） 定价：5.00元